ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى—
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

1977
يىل
يانۋار
№2 (4)

باھاسى
2 تىيىن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت «ۋەتەن» جەمئىيىتى قازاقستان شۆبىسىنىڭ گېزىتى

## ئاشلىق - ئەل بايلىغى

قازاقلار، شۇنداقلا قازاقستاندا ياشاۋاتقان رۇس، ئۇكرائىن، ئۇيغۇر دېخانلىرى ئوكتەبر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىمۇ دېخانچىلىق قىلىپ كەلگەن. بىراق ئۇ چاغلاردىكى ۋە ھازىرقى دېخانچىلىق ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زەمىن پەرىق بار.

ئۆتمۈشتە ئۆلكىمىزدە ئاشلىق تېرىلىدىغان يەرنىڭ ئۇمۇمىي مەيدانى 4 مىللىون گېكتارغا، ئېلىنىدىغان ھوسۇل بولسا 100 مىللىون پۇتقا ئارانلا يېتىپ باراتتى خالاس. دېخانلار يەر ھايداش، ئاشلىق تېرىش ئىشلىرىنى ئۆكۈز، ئات، تۆگە، ياغاچ ساپانلار ياردىمى بىلەن ئېلىپ باراتتى، ئاشلىق ئوغاق بىلەن ئورۇلۇپ، ئۇلۇق تاشلار بىلەن تېپىلەتتى. قىسقىسى، دېخانچىلىقنىڭ جاپاسى كۆپ، بېرىكىتى ئاز بولاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە بولسا قازاقستاندىكى يېزا ئىگىلىگى، جۈملىدىن دېخانچىلىق، ئەجايىپ تەرەققىي قىلماقتا. جۇمھۇرىيىتىمىز مىللىي دارامەتىنىڭ 27 پروتسېنتىنى يېزا ئىگىلىگىدىن ئالىدۇ. ئەسىرلەر بويى قاغجىراپ ياتقان تىڭ يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، تېرىلغۇ مەيدانلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. قازاقستان ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ئاشلىق كانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئۇرۇقلۇق، يەم ۋە باشقا ئېھتىياجلارغا ئاجرىتىلغان ئاشلىقنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئۆتكەن يىلى سوۋخوزلىرىمىز ۋە كولخوزلىرىمىز دۆلەتكە بىر مىليارد 195 مىللىون پۇت ئاشلىق سېتىپ، ئەل ئىزۈتنى مەمنۇن قىلدى.

ھازىر قازاقستاندا ئىككى مىڭغا يېقىن سوۋخوز ۋە كولخوز بار. ھەر بىر ئىگىلىككە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 95 تراكتور، 53 كومباين، 44 ئاۋتوماشىنا توغرا كېلىدۇ. باشقا تېخنىكىمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى ۋاقىتتا يەر ھايداشتىن تارتىپ، ئاشلىقنى ئورۇپ ئېلىش، تازىلاش، ساڭلارغا قۇيۇۋېلىشقا قەدەر ھەممە ئىشلار تېخنىكا كۈچى بىلەن بەجىرىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى بىلەنمۇ تولۇق تەمىنلەنگەن. موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېزىلاردا تېخنىكا تىلىنى تولۇق بىلىدىغان ئاگرونوم، ئىنژېنېر، مېخانىزاتور كەبى مىللىي كادرلار ئۆسۈپ يېتىلدى.

يېزا، قىشلاقلارنىڭ قىياپىتى تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتتى. قازاق دالاسىدا زامانتەلۆگە ماسلاشتۇرۇپ سېلىنغان، ئېلېكتر، گاز، رادىولار بىلەن جابدۇلغان، ياشاش ئۈچۈن ئەپلىك تۇرۇشلۇق ئۆيلەرگە، مەكتەپ، كلۇب، مەدەنىيەت سارايلىرىغا ئىگە بولغان شەھەر قىياپىتىدىكى يېزىلار قەد كۆتەردى.

بىراق بىز بۇ ئۇتۇقلىرىمىزغا قانائەتلىنىپ قالمايمىز. پارتىيەمىز بىلەن ھوكۈمىتىمىز خەلقنى پارلاق ئىستىقبالغا، ئىختىساتنى ۋە مەدەنىيەتنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشكە دەۋەت قىلماقتا. يېقىندا پارتىيەمىز دېخانلارغا، سانائەت خادىملىرىغا مەكتۇپ يوللاپ، يېزا ئىگىلىگىنى تېخىمۇ تەرەققىي ئەتتۈرۈشكە چاقىردى. بۇ چاقىرىق قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەنمەكتە.

قازاقلاردا «نېمىنى تەرسەڭ، شۇنى ئورىسەن» دېگەن ئەجايىپ بىر تەمسىل بار. دېمەك ئۇرۇق سۈپەتلىك بولسا، ئاشلىقمۇ ھوسۇللۇق بولىدۇ. شۇڭلاشقا قىش پەسلىدە ئۇرۇقنى تازىلاپ، خىللاش ئىشلىرى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. دېخانچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەردە قار توختىتىش، ئوغۇت توشۇش، تېخنىكىنى رېمونتلاش دېخانلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئىشلار باي ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

بۇ يىل سوۋېت خەلقى ئۇلۇق ئوكتەبر ئىنقىلاۋىنىڭ ئاتمىش يىللىغىنى نىشانلايدۇ. بۈيۈك مەيرەمنى مۇناسىپ كۈتۈپ ئېلىشنى قازاقستان دېخانلىرى ۋەتەن ئالدىدىكى مۇقەددەس بورچىمىز دەپ بىلمەكتە.

**غەبدەن قۇرمانوۋ.**
**قازاقستان سسر يېزا ئىگىلىگى مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى،**
**پەن كاندىداتى.**



ئېسىل دەرياسى بويىدىكى قازاتكوم ناملىق سوۋخوز ئۆتكەن يىلى مول ھوسۇل ئېلىپ، مەملىكەتكە ئىككى مىللىون پۇت ئاشلىق ساتتى.
**سۈرەتتە:** ئۆتكەن يازدىكى ئوما مەزگىلىدىن بىر كۆرۈنۈش

---

ھېزىم بەخنىيازوۋ.

### دېخان ئوغلىمەن

ئىنسانىي خىسلەت كۈچىدىن لاۋلاپ،
خەلقىم ئىشقىدا يانغان يۈرەكتىمەن.
بەخىرلىك بىلەن ئەيلەيىن خىتاپ،
لېنىن پەرزەندى، دېخان ئوغلىمەن!

دىيار جامالىن ئورىغان گۈلگە،
ئىشچى ئادەمنىڭ باتۇر، قولىمەن.
ھالال ئەمگەكتىن ياراتقان ئۈلگە،
تەرلىرىم- ئالتۇن، دېخان ئوغلىمەن.

ئاق نان ئېگىسى بولغان يۈرەكتىمەن.
بەختىم تۆپەيلى، ئەمگىكىم بىلەن،
قىزغىن ھاياتتا ھېمىشەم تىمەن،
ھايات ژۈرىگى- دېخان ئوغلىمەن!

---

### ژۇرنالىست بىلېتى

ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋلادىمىر ئىلىچ لېنىن ئۆزىنى ژۇرنالىستمەن، ئەدەبىياتچىمەن دەپ موغرۇرلۇق بىلەن ئېيتاتتى. ئۇ- ماھىر رېداكتور ھەم تالانتلىق ژۇرنالىست بولغان ئىدى. ئۇ پارتىيەۋىي مەتبۇئاتنىڭ ئاساسىنى سالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قايناق ئىنقىلاۋىي پائالىيىتىنىڭ دەسلەپكى پەيتىدە ئىلىچ: «مەن ئىشچىلار ئۈچۈن يېزىش مۇمكىنچىلىگىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى خالىمىغان بولار ئىدىم، باشقا ھېچ نەرسىنىمۇ ئۇنچىلىك ئارزۇ قىلمىغان بولار ئىدىم» دەپ يازغان ئىدى.

بۇ يىل 7- يانۋاردا سسسر ژۇرنالىستلار ئىتتىپاقى ئەزاسىنىڭ №1 بىلېتى ۋ. ئى. لېنىننىڭ نامىغا يېزىلدى. بىلېتنى تەنتەنىلىك ھالدا رەسمىلەشتۈرۈش «پراۋدا» گېزىتىنىڭ مەجلىسلەر زالىدا بولۇپ ئۆتتى. بىلېت كپسس مەركىزىي كومىتېتى يېنىدىكى ماركسىزم- لېنىنىزم ئىنستىتۇتىغا ساقلاشقا تاپشۇرۇلدى.

---

### پارچىلاپ سېتىش باھاسى ئەرزەنلىتىلدى

مەملىكىتىمىزدە موشۇ يىلنىڭ كىرىشى بىلەن خەلق كەڭ ئىستىمال قىلىدىغان بىر مۇنچە بۇيۇملارنىڭ پارچىلاپ سېتىش باھاسى 5 پروتسېنتتىن 25 پروتسېنتكىچە ئەرزەنلىتىلدى. ئىلمە- توقۇلما (تىرىكوتاژ) بۇيۇملىرى، پايپاق، ئاياللار ئۆتۈكلىرى، ئىچ كىيىملەر، رادىو تۇۋارلىرى، ماگنىتوفون، تېلېۋىزورلارنىڭ بەزى بىر تۈرلىرى، پىلوسسلار، ئاككوردېئونلار، بايانلار، گارمونلار ئەينە شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن زورۇر بولغان نان، ئۇن، گۈرۈچ تائاملىرى، قەنت، گوش، ھەر خىل ياغلار، بېلىق، چاي، گەزماللار، شۇنداقلا ئۇلاردىن تىكىلىدىغان كىيىملەر ۋە ئاياق كىيىملىرىنىڭ بۇرۇنقى باھالىرى ئۆزگەرتىلمەستىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

